## 233884 ـ مەسچىتنىڭ ئىمام، مۇئەززىنلىرىگە زاكات بەرسە توغرا بولامدۇ؟

**سۇئال**

مەسچىتنىڭ ئىمام ۋە مۇئەززىنلىرىنىڭ ئىقتىسادى ئەھۋالى ياخشى بولمىسا، ئۇلارغا زاكات بەرسە توغرا بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارلىق گۈزەل مەدھىيلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئالللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا،ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابى كىراملارغا ئالللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

زاكات بېرىشكە لايىق بولغان كىشىلەر سەككىز تۈرلۈك بولۇپ بۇلارنى ئالللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە تولۇق بايان قىلغان: إِنَّمَا الصَّدَقَاتُ لِلْفُقَرَاءِ وَالْمَسَاكِينِ وَالْعَامِلِينَ عَلَيْهَا وَالْمُؤَلَّفَةِ قُلُوبُهُمْ وَفِي الرِّقَابِ وَالْغَارِمِينَ وَفِي سَبِيلِ اللَّـهِ وَابْنِ السَّبِيلِ ۖ فَرِيضَةً مِّنَ اللَّـهِ ۗ وَاللَّـهُ عَلِيمٌ حَكِيمٌ تەرجىمىسى: زاكات پەقەت پىقىرلارغا، مىسكىنلەرگە، زاكات خادىملىرىغا، دىللىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلارغا، قۇللارنى ئازاد قىلىشقا، قەرزدارلارغا، ئالللاھنىڭ يولىغا، ئىبنى سەبىللەرگە بېرىلىدۇ، بۇ ئالللاھنىڭ بەلگىلىمىسىدۇر، ئالللاھ (بەندىلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى) ئوبدان بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. [سۈرە تەۋبە 60-ئايەت].

زاكاتنى ئالللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە بايان قىلغان كىشىلەردىن باشقىلارغا بېرىش توغرا بولمايدۇ.

مەسچىتنىڭ ئىمامى ياكى مۇئەززىنى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان كىشىلەرنىڭ قاتارىدىن بولسا يەنى پىقىر ياكى مىسكىن ياكى قەرزدار..... بولسا ئۇلارغا زاكات بېرىش توغرا بولىدۇ، بەلكى ئۇلارغا زاكاتتىن بېرىش ئارقىلىق ئېھتىياجلىرىنى قوغداسلىق كېرەك.

ئەمما ئۇلار قۇرئان كەرىمدە بايان قىلىنغان زاكاتقا لايىق بولغان كىشىلەردىن بولمىسا، ئۇلارنىڭ ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇپ بەرگەنلىكى ياكى نامازغا ئەزان ئوقۇپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلارغا زاكات بېرىش توغرا بولمايدۇ. چوقۇم ئۇلار زاكات ئېلىش ئۆلچىمىگە چۈشىدىغان كىشىلەردىن بولۇشى كېرەك.

سەئۇدى ئەرەبىستان ئىلمى تەتقىقات، پەتىۋا كومىتېتى ئالىملىرىدىن: "مەسچىتنىڭ ئىمامى ياكى باشقا خىزمەتچىلىرىنىڭ زاكاتتىن ئۈلۈشى بارمۇ ياكى پەتىر سەدىقىسىدىن ئۈلۈشى بارمۇ؟ دەپ سوئال سورالغاندا، ئۇلار جاۋاپ بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ئالللاھ

تائالا قۇرئان كەرىمدە زاكات بېرىلىدىغان كىشىلەرنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: إِنَّمَا الصَّدَقَاتُ لِلْفُقَرَاءِ وَالْمَسَاكِينِ وَالْعَامِلِينَ عَلَيْهَا وَالْمُؤَلَّفَةِ قُلُوبُهُمْ وَفِي الرِّقَابِ وَالْغَارِمِينَ وَفِي سَبِيلِ اللَّـهِ وَابْنِ السَّبِيلِ فَرِيضَةً مِّنَ اللَّـهِ وَاللَّـهُ عَلِيمٌ حَكِيمٌ تەرجىمىسى: زاكات پەقەت پېقىرلارغا، مىسكىنلەرگە، زاكات خادىملىرىغا، دىللىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلارغا، قۇللارنى ئازاد قىلىشقا، قەرزدارلارغا، ئاللاھنىڭ يولىغا، ئىبنى سەبىللەرگە بېرىلىدۇ، بۇ ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىسىدۇر، ئاللاھ (بەندىلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى) ئوبدان بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. [سۈرە تەۋبە 60-ئايەت].

ئەگەر مەسچىتنىڭ ئىمامى ئايەتتە بايان قىلىنغان كىشىلەرنىڭ قاتارىدىن بولسا ئۇنىڭغا زاكات بېرىش توغرا بولىدۇ، ئەگەر ئۇنداق بولمىسا ئۇنىڭغا زاكات بېرىش توغرا بولمايدۇ. ["دائىمى كومىتېتى پەتىۋاسى"(9/381)].

شەيخ ئىبنى جىبرىن رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "مەسچىتنىڭ بەلگىلەنگەن ئىمام ياكى مۇئەززىنى پېقىر_مىسكىنلەردىن بولسا ئۇلارنىڭ ئىمام_مۇئەززىنلىكىنى مۇكاپاتلاپ ئەمەس بەلكى پېقىر_مىسكىنلىكىنى ئېتىبارغا ئېلىپ ئۇلارغا زاكات بەرسە دۇرۇس بولىدۇ". تېخىمۇ كۆپ مەلۇمات ئېلىش ئۈچۈن 46209 _ ۋە 190566 _نومۇرلۇق سوئاللارنىڭ جاۋابىغا مۇراجىئەت قىلىنسۇن

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشىنى بىلگۈچىدۇر.